دۆلەتلىك «11- بەش يىللىق پىلان» مەزگىلىدىكى نۇقتىلىق كىتاب تۈرى

# ئانىنىڭ كۆڭلى بالىدا

## هېكايىلەر قىسمى

تۈزگۈچىلەر: ۋاڭ فاڭ قاتارلىقلار
رەسىمىنى سىزغۇچىلار: لى چۈەنخۇا، جۇ چۈنگېن قاتارلىقلار

5–6 ياشتىكى بالىلار ئۈچۈن

ئەڭ يېڭى نۇسخا

ئائىلىدە بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش قوللانمىسى

مىللەتلەر نەشرىياتى





ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# ئانىنىڭ كۆڭلى بالىدا

ئەڭ يېڭى نۇسخا

5 ـ 6 ياش

ئائىلىدە بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش قوللانمىسى

.....................................

## ھېكايە قىسمى



**图书在版编目（CIP）数据**

半小时妈妈. 5~6岁. 故事篇：维吾尔文/朱瑶等编；
美力克·阿不都卡的译. —北京：民族出版社，2008.7
（托起明天的太阳. 民文青少年读物丛书）
ISBN 978-7-105-09502-5

Ⅰ. 半… Ⅱ. ①朱…②美…Ⅲ. 故事课—学前教育—教
学参考资料—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. G613

中国版本图书馆CIP数据核字（2008）第108956号

本书根据浙江少年儿童出版社2006年6
月第4版第36次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب جېجياڭ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ
2006 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى 4 ـ نەشرى 36 ـ
باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

翻　　译：美力克·阿不都卡的
责任编辑：胡达白尔的
责任校对：海衣尔尼沙
制　　作：伊萨克江·伊布拉英

تەرجىمە قىلغۇچى: مەلىكە ئابدۇقادىر
مەسئۇل مۇھەررىر : خۇدابەردى خېلىل
مەسئۇل كوررېكتور: خەيرىنىسا روزى
بەتچىك : ئىسهاقجان ئىبراھىم

出版发行：民族出版社出版发行
http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市东城区和平里北街14号
电　　话：010_64290862（维文室）　邮编：100013
印　　刷：民族印刷厂印刷
开　　本：889毫米×1194毫米　1/24
印　　张：2.167
版　　次：2008年7月第1版　2008年7月北京第1次印刷
印　　数：0001—3000册
定　　价：6.00元
ISBN 978-7-105-09502-5/G.1702　（维403）

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
http://www.e56.com.cn
ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013
تېلېفون نومۇرى: 010_64290862
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
نەشرى: 2008ـ يىل 7ـ ئايدا بېيجىڭدا 1ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى: 2008ـ يىل 7ـ ئايدا بېيجىڭدا1ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى: 889×1194م م. 24 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 2.167 سانى: 3000 ــــ 0001
باھاسى: 6.00 يۈەن

# مۇندەرىجە


يىگى كىيىم كىيىش ........................ 3

سەۋزە ئەپەندىنىڭ ساقىلى ........................ 7

تاغىل ئاتىنىڭ قوغدىنىش رەڭگى ........................ 11

كىم ئەڭ ئەقىللىق ........................ 16

بىلىق تۇتۇشتىكى خەتەرلىك ئىشلار ........................ 20

ئۆي ئالماشتۇرۇش ........................ 23

كىچىك تاشپاقا ........................ 29

مەن قىلغاندەك قىلىڭ ........................ 33

ئورمانلىقتىكى تېلېفون ........................ 36

ئېيىقچاققا ئەۋەتىلگەن ئامانەت سوۋغا ........................ 39

شاپتۇل دەرىخى ئاستىدىكى بۆجەن ........................ 43

ھەر كىمنىڭ ئارتۇقچىلىقى بار ........................ 48





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يېڭى كىيىم كىيىش

1. يوغان ئېغىز بېگېمىنت دەريادا يالىڭاچ سۇ ئوينىغانلىقتىن، پۈتۈن بەدىنى لاي بولۇپ كېتىپتۇ.

2. دەريا بويىدىكى كىچىك ياغاچ ئۆيدە ئۇزۇن پۇتلۇق تۇرنا تۇراتتى. بۇ ۋاقىتتا، ئۇ دېرىزە ئالدىدا ئاپتاپقا قاقلىنىۋاتقاچقا بېگېمىنتنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ دەرھاللا چىرقىراق ئاۋازدا: «مەينەت، ئەجەپ مەينەتكەنسەن!» دەپتۇ.





3. يوغان ئېغىز بېگېمىنتنىڭ قېلىن يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ كېتىپتۇ.

قىزارما، مەن ساڭا چىرايلىق كىيىم لايىھەلەپ تىكىپ بېرەي، ماقۇلمۇ؟ — دەپتۇ تۇرنا دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ.

4. «ماقۇل، ماقۇل.» دەپتۇ بېگېمىنت تۇرنىغا تەزىم قىلىپ.

www.uyghurkitap.com

5. بېگېمـــوت كىچىـــك ياغاچ ئۆيگە كىرىپتۇ.



6. تۇرنـــا مېتىرنى ئېلىپ، بېگېموتنىـــڭ بوي ـ تۇرقىنى بىر قۇر ئۆلچەپتۇ.



7. تۇرنا بىر پارچە يېشىل رەڭلىك يىپەك رەختنى قايچىسى بىلەن «كارت ـ كارت» قىلىپ پارچە ـ پارچە كېسىپتۇ.





8. «تاق ـ تاق ـ تاق» قىلغان ئاۋاز بىلەن پارچە ـ پاچە يىپەك رەختلەر تۇرنىنىڭ كىيىم تىكىش ماشىنىسىدا، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بىر قۇر يېڭى كىيىم بولۇپ پۈتۈپ چىقىپتۇ.



www.uyghurkitap.com

9. يوغان ئېغىز بېگېمنت يېڭى كىيىمنى كىيىپ، گىدەيگىنىچە بازار ئايلانغىلى كېتىپتۇ.



10. ئۇ تۆت يول دوقمۇشىغا كېلىپ، ئەمدىلا توختاپ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئەسنىشىگە، ئىككى ئادەم كېلىپ ئىككى پارچە خەتنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تىقىۋېتىپتۇ. ئاپلا، كىشىلەر ئۇنى پوچتا ساندۇقىمىكىن دەپ قاپتۇ ئەمەسمۇ.



ئەسكەرتىش

كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ئەسنىگەن بېگېمنتنى پوچتا ساندۇقى دەپ قالدۇ؟

ئۇزۇن پۈتلۈق تۇرنا بېگېمنتقا يېشىل كىيىم كىيدۈرۈپ قويغاندا، ئۇ يېشىل پوچتا ساندۇقىغا ئوخشاپ قالدىمۇ، قالمىدىمۇ؟ تۇرنانىڭ ئىنچىكە ئۇچلۇق ئۇزۇن ئېغىزى، تىككۈچىنىڭ قايچىسىغا بەكمۇ ئوخشايدۇ. بۇ ھېكايە بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنى قوزغىيالايدۇ.



# سەۋزە ئەپەندىنىڭ ساقىلى

1. سەۋزە ئەپەندىنىڭ ساقىلى قويۇق بولۇپ، ھەر كۈنى چوقۇم ساقىلىنى قىراتتى. ئۇنىڭ كۆزى يېقىننى كۆرەلمەيدىغان بولغاچقا بىر كۈنى ساقال ئالغاندا ئېڭىكىنىڭ ئۇڭ تەرىپىدىكى بىر تال ساقال قىرىلماي قاپتۇ.

2. سەۋزە ئەپەندى قۇۋۇەتلىك مېۋە مۇرابباسى يېگەندە، ساقىلىغا دائىم مۇراببا يۇقۇپ قالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ساقىلى ئاستا ـ ئاستا ئۆسۈشكە باشلاپتۇ.



3. لەگلەك ئۇچۇرۇۋاتقان بىر ئوغۇل بالىنىڭ لەگلىكىنىڭ يىپى بەك قىسقا ئىكەن. دەل شۇ چاغدا سەۋزە ئەپەندىنىڭ ھېلىقى ئۇزۇن ساقىلى ھاۋادا ئۇچۇپ بالىنىڭ يېنىدا پەيدا بوپتۇ. ئوغۇل بالا قايچىسىدا ساقالدىن كېسىپ لەگلىكىنىڭ يىپىغا ئۇلاپتۇ.



4. سەۋزە ئەپەندى دەرەخ ئاستىدا كېتىۋاتقان چاغدا، دەل قۇش خانىم بالىسىنىڭ سۇيدۇك لاتىسىنى ئاپتاپقا يېيىش ئۈچۈن ئارغامچا ئىزدەۋاتاتتى، قۇش خانىم قولىنى ئۇزىتىپلا سەۋزە ئەپەندىنىڭ ساقىلىدىن چاققانلىق بىلەن كېسىۋېلىپ، ئىككى شاخ ئارىسىغا باغلاپتۇ.

5. سەۋزە ئەپەندى بىر كۆزەينەك دۇكىنىغا كىرىپتۇ ۋە كۆزەينەك سېتىۋالماقچى بوپتۇ.





6. كۆزەينەك دۇكىنىدىكى پېسۇېلەك (بەسەي) خېنىم ئۇنىڭغا كۆزەينەكنى تاقاۋېتىپ، ھېلىقى ساقالنى كۆزەينەكنىڭ قۇلاقلىقىغا چىگىپ تۇرۇپ: «كۆزەينەككە يىپ باغلىۋالغاندا، ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇندۇرۇپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.» دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

7. سەۋزە ئەپەندىنىڭ كۆزەينىكى ئېھتىياتسىزلىقتىن بۇرنىنىڭ ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشكەندە، كۆزەينەك ساقىلىغا ئىلىنىپ قاپتۇ، سەۋزە ئەپەندى: «مېنىڭ ساقىلىم ھەقىقەتەن قالتىسكەن!» دەپتۇ.



**ئەسكەرتىش**

ئانا ھېكايىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، بالىغا ھېكايىنىڭ ۋەقەلىكىنى تەقلىد شەكلىدە سۆزلىتىپ باقسا بولىدۇ. بىر نەچچە سوئال سوراش ئارقىلىق بالىنى سۆزلەشكە يېتەكلەش يەنى: سەۋزە ئەپەندى قەيەرلەردىن ئۆتتى؟ كىملەر ئۇنىڭ ساقىلىنى نېمە قىلىشقا ئىشلەتتى؟ بالىنى دادىل تەسەۋۋۇر قىلىشقا يېتەكلەپ، مۇكەممەلرەك، باغلىنىشلىق سۆز-جۈملىلەر بىلەن ئۆز تەسەۋۋۇرىغا تايىنىپ ھېكايىنى بايان قىلدۇرسا بولىدۇ.

# تاغىل ئاتنىڭ قوغدىنىش رەڭگى



1. تاغىل تايچاق ئانىسىغا نارازى بولغان هالدا: «ئانا، بىزنىڭ بەدىنىمىزدىكى نېمىدېگەن كۆپ ئالا ـ بۇلا بالداقلار بۇ؟ بەك سەتكەنمىز» دەپتۇ.

2. تاغىل ئات ئانا: «ئۇ بىزنىڭ قوغدىنىش رېڭىمىز ئەمەسمۇ! مۇشۇ رېڭىمىز بولغاچقا بىزنى يىرتقۇچ هايۋانلار پەرق ئېتەلمەي قالىدۇ. بۇ بىزنىڭ يىرتقۇچلارغا يەم بولۇشتىن قوغدىنىش رېڭىمىز قوزام» دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

3. تاغىل تايچاق ئانىسىنىڭ گېپىنى تۈگىمەيلا، خۇشال بولغان هالدا: «مەن ئەمدى يولۋاس، شىرلاردىن قورقمايمەن!» دەپ تاقلاپ سەكرىگىنىچە ئوتلاققا قاراپ چېپىپ كېتىپتۇ.



4. بىر شىر دەل شۇ چاغدا ئوتلاقتا ئوزۇق ئىزدەۋاتقان ئىكەن، بىر تاغىل تايچاقنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن شىر تاغىل تايچاققا ئېتىلىپتۇ. تاغىل تايچاق: «مېنىڭ قوغدىنىدىغان رېڭىم بار، بەرىبىر شىر مېنى كۆرەلمەيدۇ» دەپ ئويلاپ، قېچىپ كەتمەي ئۆز جايىدا تۇرىۋېرىپتۇ.



5. سېغىزخان ھەدە جىددىيلەشكەن ھالدا: «تاغىل تايچاق، تېز قاچقىن!» دەپ ۋارقىراپتۇ. تاغىل تايچاق شۇئان ئەھۋالنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ، بەدەرتتە قېچىپ كېتىپتۇ.

6. تاغىل تايچاق پۈتۈن كۈچى بىلەن قېچىپ ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىشىگە ئانىسى ھۆلۇقۇپ: «تېزدىن تاغىل ئاتلار توپىغا كىرىۋال!» دەپ ۋارقىراپتۇ.

www.uyghurkitap.com



7. تاغىل تايچاق توپنىڭ ئىچىگە
بۆسۈپ كىرىشىگە، تاغىل ئاتلار دەرھال
توپلىشىپ يۇمىلاق بولىۋاپتۇ.



8. تاغىل ئات ئانا: «بىز تاغىل ئاتلارنىڭ قوغدىنىش رېڭىمىز پەقەت كۆپچىلىك ئارىسىدىلا پايدىلىق. ھەممىمىز بىر يەرگە توپلىشىۋالساق، شىر بىزنىڭ سانىمىزنى پەرق ئېتەلمەيدۇ.......» دەپتۇ. تاغىل تايچاق: «مەن بۇندىن كېيىن ھەرگىزمۇ تاغىل ئاتلار توپىدىن ئايرىلمايمەن.» دەپتۇ.

**ئەسكەرتىش**

بۇ ھېكايە ئارقىلىق بالىغا، تاغىل ئاتنىڭ تېرىسىدىكى بالداقلىرىنىڭ رولىنى چۈشەندۈرۈش، نېمىنىڭ ھايۋانىنىڭ قوغدىنىش رېڭى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. بالا بىلەن بىرلىكتە يەنە قايسى ھايۋانلارنىڭ قوغدىنىش رېڭى بارلىقى، قانداق قوغدىنىدىغانلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىپ بېقىش، بۇ ئارقىلىق بالىنىڭ ئىزدىنىش ئارزۇسىنى قوزغىتىش لازىم.

www.uyghurkitap.com

# كىم ئەڭ ئەقىللىق

1. بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. پادىشاھ قايسى ئوغلىنىڭ ئەڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن.





2. بىر كۈنى پادىشاھ ئۈچ ئوغلىغا ئازراقتىن پۇل بېرىپ، نەرسە سېتىۋېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. پادىشاھ: «سىلەر سېتىۋالغان نەرسە بىر ئۆيگە لىق كېلىشى كېرەك.» دەپتۇ.



3. ئۈچ ئوغۇل نەرسە سېتىۋالغىلى مېڭىپتۇ.



4. چوڭ ئوغول بۇ ئازراق پۇلغا بىر هارۋا شال پاخلى سېتىۋېلىپ كەپتۇ.



5. بىراق، بىر هارۋا پاخال بىر ئۆيگە لىق كەلمەپتۇ.



6. ئىككىنچى ئوغلىمۇ ئازراقلا پۇل خەجلەپ چوڭ بىر تاغار قۇم سېتىۋاپتۇ.



7. بىراق، چوڭ تاغاردىكى قۇممۇ بىر ئۆيگە لىق كەلمەپتۇ.



www.uyghurkitap.com



8. كەنجى ئوغۇل بۇ ئازراق پۇلغا بىر تال شام سېتىۋاپتۇ.



9. ئىككى ئاكىسى ئۇنى مەسخىرە قىلىپ: «ھەي، سەن بەك دۆتكەنسەن! بىز شۇنچە جىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپمۇ بىر ئۆينى توشقۇزالمىساق، سېنىڭ بۇ كىچىككىنە شامنى سېتىۋالغىنىڭ نېمىسى؟» دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com

10. كەنجى ئوغۇل شامغا ئوت ياققان ئىكەن، ئۆينىڭ ئىچى نۇرغا تولۇپ بىردىنلا يوپ - يورۇق بولۇپ كېتىپتۇ. پادىشاھ قايىل بولغىنىچە كەنجى ئوغلىنى ئەڭ ئەقىللىق دەپ ماختاپتۇ.

**ئەسكەرتىش**

پادىشاھنىڭ كەنجى ئوغلى نېمە ئۈچۈن ئەڭ ئەقىللىق؟

بۇ بىر ئىجادچانلىق ئىقتىدارىنى مەشىق قىلدۇرىدىغان، زېھننى ئېچىشقا پايدىلىق چۆچەك. چۆچەكنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن بالىدىن مۇنۇ سوئاللارنى سوراپ باقساق بولىدۇ: 1. كەنجى ئوغۇل شامنى ياققاندىن كېيىن، ئۆينىڭ ئىچى نېمىگە تولدى؟ 2. شامنى يېقىپ قويساق شام نۇر چىقارغاندىن سىرت يەنە نېمە چىقىرىدۇ؟ ( جاۋاب: ئىسسىقلىق. )

# بېلىق تۇتۇشتىكى خاتالىق ئىشلار

بۇ بىر ئىنتايىن قىزىقارلىق ھېكايە. 1 ـ رەسىمدىن 6 ـ رەسىمگىچە كىتابنى ئوڭ تۇتۇپ كۆرىدۇ، 7 ـ رەسىمدىن 12 ـ رەسىمگىچە كىتابنى تەتۈر تۇتۇپ كۆرىدۇ.



1. شياۋبۇ تاغىسى بىلەن بىر چوڭ بېلىق تۇتۇۋاپتۇ.



2. «سەن بېلىققا قاراپ تۇر.» تاغىسى شۇنداق دېگىنىچە قېيىقنى دېڭىزغا ھەيدەپ كېتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com



3. ئاپلا! چوڭ شەمشەر بىلىق ياغاچ قىيىققا ئېتىلىپ كەلدى.



4. بولمىدى، قىيىق ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. تاغىسى ئالاقزادە بولۇپ ئارال تەرەپكە قاچتى.



5. قىرغاقتــا يېتىپ كەلگەندە يەنە بىر غەلتە بېلىق پەيدا بولدى.



6. تاغسىي قىرغاققا چىقىپ ئالدىراپ ـ تېنەپ شياۋبۇنىڭ يېنىغا يۈگۈردى.

# ئۆي ئالماشتۇرۇش



1. بىر كۈنى تىيىن قارىغۇ چاشقاننى ئۆيىگە ئويناشقا تەكلىپ قىپتۇ.

2. قارىغۇ چاشقان ئۇنىڭ بىلەن دەرەخكە يامىشىپ، يەپ-ئىچىپ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئويناپتۇ.

قارىغۇ چاشقان: «تىيىننىڭ ئۆيى دەرەخنىڭ ئۈستىدە بولغاچقا قۇياش نۇرىمۇ، ساپ ھاۋامۇ يېتەرلىك ئىكەن... مەنمۇ شۇنداق يەردە تۇرغان بولسام ياخشى بولار ئىكەن!» دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



3. ئىككىنچى كۈنى قارىغۇ چاشقان تېيىننى ئۆيىگە ئويناشقا تەكلىپ قىپتۇ. تېيىن ئۇنىڭ بىلەن تۆشۈكلەردىن يەر ئاستىغا چۈشۈپ، يەپ-ئىچىپ تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئويناپتۇ.

4. تېيىن: «قارىغۇ چاشقاننىڭ ئۆيى يەر ئاستىدا بولغاچقا، قىشتا ئىسسىق، يازدا سالقىن ھەم ناھايىتى جىمجىتكەن... مەنمۇ شۇنداق يەردە تۇرسام نېمدېگەن ياخشى بولاتتى!» دەپ ئويلاپتۇ.

5. بۇ كۈنى ئىككىسى باشلىرىنى بىر يەرگە ئەكىلىپ، ئۇ بىر ئېغىز، بۇ بىر ئېغىزدىن ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى دەپ مۇڭدىشىپتۇ. «ياخشىغۇ، ئىككىمىزنىڭ ئويى بىر يەردىن چىقتى!» ئۇلار ھاياجاندىن قۇچاقلىشىپ كېتىپتۇ ۋە ئالىقانلىرىنى ئۈچ قېتىم ئۇرۇپ ئۆيلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى قارار قىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى

6. كۆچىمىز دەپلا كۆچۇپتۇ. تيىن يەر ٴاستىدا تۇرۇپتۇ. بىر كۇن تۇرا ـ تۇرماي ٴۇ قاتتىق بىٴارام بولۇپ ٴىچى سىقىلىپتۇ: «بۇ يەر كۇنبويى قاپقاراڭعۇ ھەم نەم، نەدىمۇ دەرەخ ٴۇستىدىكى ٴۆيۇمدەك ياخشى بولسۇن!»





7. قارىغۇ چاشقان دەرەخ ئۈستىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، قۇياش پارلاپ چىقىپتۇ. قۇياش نۇرىدا ئۇ كۆزىنى ئاچالماپتۇ. ئۇ يەنە نەچچە قېتىم دەرەخ ئۈستىدىن چۈشۈپ كەتكىلى تاس قاپتۇ. قارىغۇ چاشقان قورقۇپ كۈن بويى ئۆيىدە ئولتۇرۇپتۇ. سىرتقا چىقىشقا پېتىنالماپتۇ. ئۇ دەرەخ ئۈستىدە تۇرۇشنىڭ پۈتۈنلەي تىرىك تۇرۇپ ئازاب چېكىش ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى ھېس قىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



8. بىر كۈنــى زاۋال ۋاقتى بىلەن ئۇ ئىككىســى يەنە دەرەخ ئۈســتىدە باش قوشۇپ، ئۇ بىر ئىغىز، بۇ بىر ئىغىزدىن ئۆزلىرىنىڭ دەردىنى تۆكۈپتۇ.

9. «پــاھ، ئىككىمىزنــىڭ ئۆيــى يەنە بىر يەردىــن چىقتى!» تيىن بىلەن قارىغۇ چاشــقان ئەدەپ بىلەن قول سىقىشىپ ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى ئۆيىگە قايتىپ كېتىپتۇ. . .

**ئەسكەرتىش**

ھېكايە تۈگىگەندە بالىغا: ئۆزىگە ماس كېلىدىغان جاينىڭ ئاندىن ئەڭ ياخشى جاي ئىكەنلىكىنى ئېيتىش.

دەســلىپىدە نېمە ئۈچۈن تيىن بىلەن قارىغۇ چاشقان بىر-بىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ھەۋەس قىلىشــىدۇ؟ نېمــە ئۈچۈن يەنە ئــۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ؟

# كىچىك تاشپاقا



1. بۇرۇن بىر كىچىك تاشپاقا بولغانىكەن. ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە خاپا ۋە ئۆزى ئۆزىگە: «مېنىڭ ھەمىشەم بۇنچە ئاستا تۇرسا، كىممۇ مەن بىلەن ئويناشنى خالىسۇن» دەيدىكەن.

2. بىر تال قۇرت تاشپاقىغا: «سەن قېپىڭدىن چىقماي سولىنىپ تۇرساڭ ئاداش تاپالمايسەن.» دەپتۇ. مەنمەن: «چۈنكى مەن قورقىمەن» دەپتۇ.

3. تاشپاقا تۇيۇقسىز بىر يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئۇ ئۆمىلەپ بېرىپ قارىسا، بىر كىچىك قۇش ئانىسىنى تاپالماي يىغلاۋاتقان ئىكەن.



www.uyghurkitap.com



4. تاشپاقا: «قورقمىغىن، مەن ساڭا ئانائ قايتىپ كەلگۈچە ھەمراھ بولاي» دەپتۇ ۋە قۇش بىلەن بىللە تۇرغاچقا، قىلچە قورقۇش ھېس قىلماپتۇ.

5. كىچىك قۇش يىغلىماپتۇ. بىردەمدىن كېيىن، كىچىك قۇشنىڭ ئانىسى ئىزدەپ كەپتۇ.

6. قۇش ئانا تاشپاقىغا: «سىزگە كۆپ رەھمەت!» دەپتۇ. تاشپاقا: «ھېچقىسى يوق، مېنىڭ ئوينايدىغان ئادىشىم يوق، بالىڭىز بىلەن ئويناشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم» دەپتۇ.



7. ئىككىنچى كۈنى، قۇش ئانا تاشپاقىنىڭ ئوينايدىغان ئادىشى يوق ئىكەنلىكىنى بۇغىغا ئېيتىپتۇ.

8. بۇغا بۇ ئىشنى توشقان بىلەن ئېيىقچاققا دەپتۇ.

9. ناھايىتى تېزلا بۇ ئىشنى ھەممە ھايۋانلار ئۇقۇپتۇ. ئۇلار تاشپاقىنى ئىزدەپ كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئويناپتۇ.

www.uyghurkitap.com

10. «بۇ بەك ياخشى بولدى. مەن ناھايىتى خۇش بولدۇم.» كىچىك تاشپاقا شۇندىن كېيىن پەقەتلا قورقۇش ھېس قىلمايدىغان بوپتۇ.



ئەسكەرتىش

بۇ ھېكايىدە ئىچ مىجەز، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرىدىغان تاشپاقىنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان بولۇپ ئۆزگەرگەنلىك جەريانى سۆزلىنىدۇ. ئانا بالىغا مۇنداق بىر قائىدىنى ئېيتىپ بېرىشى كېرەك، دوستقا ئۆزئارا باردى-كەلدى قىلىش ۋە ئۆزئارا ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ھېكايىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، بالىدىن تۆۋەندىكى سوئاللارنى سوراپ بېقىشقا بولىدۇ:

1. كىچىك تاشپاقا نېمە ئۈچۈن ھەمىشە قورقىدۇ؟ ئۇ نېمىدىن قورقىدۇ؟

2. كېيىن، ھايۋانلار نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ ئوينىدى؟

# مەن قىلغاندەك قىلىڭ



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

1. يېقىندا كىچىك بالىلارنى پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىدىغانلار كۆپىيىپ قالدى. چۈنكى، كىشىلەر ئىت پوچتالىيوننىڭ مەسئۇلىيەتچان، ئەستايىدىللىقىغا ئىشىنەتتى. بالىلارمۇ چىقىشقاق، سەۋرچان ئىت تاغىغا ناھايىتى ئامراق ئىدى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە، ئىت پوچتىكەش يەنە بالا توشۇش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ بالا — يىپ پوسما كىيگەن، شارپا ئورىغان، جۇۋا كىيگەن مايمۇنچاق ئىدى.

2. «سىز مايمۇنچاقنى قىشلىق لاگېرغا ئاپىرىپ قويۇڭ.» دېدى مايمۇن خانىم ۋە يەنە ئەنسىرىگەن ھالدا «ھاۋا بەك سوغۇق، مايمۇنچاق توڭلاپ قالماس؟» دەپ سورىدى.

«خاتىرجەم بولۇڭ. يېڭىدىن سېتىۋالغان ئۈچ چاقلىق ۋېلسىپىتىم ناھايىتى ئىسسىق.» دېدى جاۋابەن ئىت.

مايمۇن خانىم پوچتىخانا ئالدىغا توختىتىپ قويۇلغان ئۈچ چاقلىق قىزىل ھارۋىنى ۋە ھارۋىغا چىپپىدە كەلگەن قېلىن پاختا تەگلىكنى كۆرۈپ: «ناھايىتى ئەتراپلىق ئويلاپسىز، مايمۇنچاقنى سىزگە تاپشۇردۇم!» دېدى.



3. «پوسۇلكام، چىڭ ئولتۇر، يولغا چىقتۇق!» ئىت شۇنداق دېگىنىچە يۈرۈپ كەتتى.

مايمۇنچاق يۇمشاق ھارۋىدا ئولتۇرۇپ، ھارۋىنىڭ تەۋرىنىشىدىن ناھايىتى ھۇزۇرلاندى. ئۇزاق ئۆتمەيلا قىزىل ھارۋا ئاي نۇرى بازىرىدىن ئۆتۈپ، تاغ يانباغرىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.





4. «ئىت تاغا، مېنىڭ ھارۋىدىن چۈشۈپ بىردەم ئوينىغۇم بار!» دېدى مايمۇنچاق قىمىرلاپ ئولتۇرالماي.

«ياق، ياق، يولدىن قالمايلى!»

«ياق، مەن چۈشمەن!» مايمۇنچاق شۇنداق دېگىنىچە ئىشىكنى ئاچماقچى بولدى.

ئىت دەرھال: «بىز ھارۋىدا بىر ئويۇن ئوينايلى! مەن نېمە قىلسام، سىزمۇ مەن قىلغاندەك قىلىڭ، بولامدۇ؟ ناھايىتى قىزىق.» دېدى. مايمۇنچاق ماقۇل بولدى.

5. ئىت ئۇڭ قولىنى كۆتىرىۋېدى، مايمۇنچاقمۇ ئۇڭ قولىنى كۆتۈردى. «ئۆھۇ، ئۆھۇ» ئىت يالغاندىن يۆتىلىۋېدى، مايمۇنچاقمۇ «ئۆھۇ، ئۆھۇ» دەپ ئەگىشىپ يۆتىلىپ: «بەك قىزىقارلىق بولدى!» دېدى. ئىت ھارۋىنى ھەيدەپ تەرلەپ كەتتى، ئۇ شەپكىسىنى ئېلىۋېتىپ: «ئىسسىپ كەتتىم!» دېگەن ئىدى، مايمۇنچاقمۇ ئىت تاغىسىنى دوراپ پوسمىنى ئېلىۋېتىپ: «ئىسسىپ كەتتىم!» دېدى.



6. مېڭىۋېرىپ ئىت چىلىق-چىلىق تەرلەپ كەتتى-دە، شارپىسىنى ئېلىۋېتىپ: «ئىسسىپ كەتتىم!» دېدى. مايمۇنچاقمۇ ئۇنىڭدىن ئۆگىنىپ، شارپىسىنى ئېلىۋېتىپ: «ئىسسىپ كەتتىم!» دېدى.





7. مېڭىپ تاغ قاپتىلىنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، ئىتنىڭ پۈتۈن بەدىنى تەرلەپ چاپىنىنى سېلىۋېتىپ دېدى: «ئىسسىسسىپ كەتتىم! »

مايمۇنچاقمۇ ئىت تاغىنى دوراپ جۇۋىسىنى سېلىۋېتىپ: «ئىسسىسسىپ ... ئىسسىسسىپ كەتتىم!» دېدى.

«مايمۇنچاق، بىز كىيلەي دېدۇق!» ئىت تەرلىرىنى سۈرتكەچ شۇنداق دېدى.

«ھەچ... چۈش... ھەچچۈش!» مايمۇنچاق توختىماي چۈشكۈرگىلى تۇردى.

ئىت ھارۋىنى توختىتىپ: «مايمۇنچاق نېمە بولدى؟» دەپ سورىدى.

«تاغا، مەن بەك توڭۇپ كەتتىم!» دېدى مايمۇنچاق تىترىگىنىچە.

8. ھەي، بۇنچە سوغۇقتا سىز پەلتو، شاپىلاقنى نېمىشقا سېلىۋەتتىڭىز؟ سوغۇق تېگىپ ئاغرىپ قالسىز ئەمەسمۇ!»

«ھەچ... چۈش! ئىت تاغا، سىز، نېمە قىلسام شۇنى دوراپ قىلىك دېمگەنمىدىڭىز؟ ھەچچۈش!»

«ئىنىق ئېيتمىغىنىم ئۈچۈن مەن ئەيىبلىك. مايمۇنچاق، تېز كىيىنىڭ، بىز كېسەل كۆرسەتكىلى بارايلى!» ئىت ھارۋىسىنى كەينىگە ياندۇرۇپ تاغ باغرىدىكى دوختۇرخانىغا يۈرۈپ كەتتى...



9. شۇنداق قىلىپ، ئىت توشۇغان «بالا پوسۇلكا» ئاغرىپ قالدى؛ ئىتمۇ تۇنجى قېتىم پوسۇلكا توشۇش ۋاقتىغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويدى ...

«بۇ تۇنجى قېتىم، شۇنداقلا ئاخىرقى قېتىم!» يېرىم كېچە بولدى، ئىت پوچتىخانىنىڭ ئىشىكىنى تاراقىدە ياپتى. بۈگۈن ئۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى ھېرىپ كەتكەنىدى.





**ئەسكەرتىش**

ئەستايىدىل ھەم مەسئۇلىيەتچان ئىت پوچتالىيون قانداق خاتالىق ئۆتكۈزدى؟

ھېكايىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىتقا ۋاكالىتەن بالىغا ئېنىق چۈشەندۈرۈش كېرەك. ئويۇن دېگەن پەقەت يالغاندىن ئويناپدىغان ھەرىكەت. ئىت توختىماي ھەرىكەت قىلغاچقا تەرلەپ كەتتى. ئويۇن ئوينىغان بالا پەقەت يالغاندىن تەر چىققانىنى دوراپ قويسىلا كۇپايە، راست دوراشنىڭ ھاجىتى يوق.

# ئورمانلىقتىكى تېلېفون





1. قىش كۈنى كىچىك تۈلكە ئىسسىق ئۆۋىسىدا مەشنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ناھايىتى زېرىكىش ھېس قىپتۇ: «ھەي، يالغۇز ئولتۇرۇپ ئەجەب ئىچىم پۇشۇپ كەتتىغۇ!»



2. كىچىك تۈلكە بىر ياخشى ئامال ئويلاپتۇ: «توغرا، تېلېفون ئورنىتىش كېرەك!» تېلېفون ناھايىتى تېزلا ئورنىتىلىپتۇ، نومۇرى 1 بوپتۇ.



3. كىچىك تۈلكە تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپتۇ. بۆجەن، تىيىنچاق، دالا چاشقىنى ھەممىلەندىن تېلېفون كېلىشى مۇمكىنغۇ. ئەمما، تېلېفون پەقەتلا جىرىڭلىمىدى.



4. تېلېفوننىڭ جىرىڭلىماسلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، چۈنكى ئورمانلىقتىكى هايۋانلارنىڭ هېچقايسىسىنىڭ ئۆيىدە تېلېفون يوق ئىدى. «هەي!» تۈلكە ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

5. تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلىدى. تۈلكە هاياجانلىنىپ تېلېفوننى ئالدى: «ۋەي! ۋەي! مەن ئورمانلىقتىكى 1 - نومۇر.»

6. تېلېفوندا بىرسى قوپال ئاۋازدا: «ۋەي! ۋەي! مەن شىمال شاملى، هازىر مەن سىنىڭ يېنىڭغا بارسام بولامدۇ؟» دېگىنى ئاڭلاندى ۋە تۈلكىنىڭ قۇلىقىغا غۇيۇيدە سوغۇق شامال ئۇرۇلدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



7. تۈلكە ئالاقزادە بولغان ھالدا: «چاتاق!» دەپلا تاراققىدە تېلېفوننى قويىۋەتتى.

ئەسكەرتىش

بۇ بىر ناھايىتى قىزىقارلىق ھېكايە.

ھېكايىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بالىدىن مۇنۇ سوئاللارنى سوراش كېرەك: 1. تۈلكە نېمە ئۈچۈن تېلېفون ئورناتتى؟ 2. تۈلكە تېلېفون ئورنىتىپ نېمىشقا تېلېفون جىرىڭلىمىدى؟ 3. كېيىن تۈلكە نېمىشقا تېلېفوننى دەرھاللا قويىۋەتتى؟



8. «ئوھوي ـــ شىمال شامىلىنىڭمۇ تېلېفونى بار ئىكەن دېسە، ئەجەبمۇ قورقىتىۋەتتى.» تۈلكە دەرھال تېلېفوننى ئۈزۈپلا ئېلىۋەتتى ۋە مەشىنىڭ ئالدىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ ئوتسىنىشقا باشلىدى.

# ئېيىقچاققا ئۆتۈنۈلگەن ئامانەت سۆيۈش



1. ئېيىقچاق بىر پارچە رەسىمنى سىزىپ بولغاندىن كېيىن، مېكىياننى كۆرۈپ قېلىپ: «ياخشىمۇ سىز مېكىيان، بۇ رەسىمنى مومامغا بەرمەكچى ئىدىم، سىز مېنىڭ ئورنۇمدا ئاپىرىپ بېرەمسىز؟» دەپتۇ. مېكىيان: «ماقۇل» دەپتۇ ـ دە، رەسىمنى يۇدۇپ ئېلىپ كېتىپتۇ.

2. مېكىيان رەسىمنى ئېيىقچاقنىڭ مومىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. موماي رەسىمنى ئېلىپ قويۇپتۇ ۋە مېكىياننىڭ يۈزىگە بىرنى سۆيۈپ: «بۇ سۆيۈش ئېيىقچاقنىڭ، سىز بۇنى ئېيىقچاققا ئالغاچ كېتەلەمسىز؟» دەپتۇ. مېكىيان: «ماقۇل» دەپتۇ.



3. مېكىيان يولدا كېتىۋېتىپ پاقىنى ئۇچرىتىپتۇ ۋە ئۇ پاقىغا: «ياخشىمۇ سىز پاقا، بۇ يەردە بىر ئامانەت سۆيۈش بار، ئېيىقچاقنىڭ مومىسى ئېيىقچاققا ئەۋەتكەن، سىز بۇ سۆيۈشنى ئۇنىڭغا ئالغاچ كېتىشنى خالامسىز؟» پاقا: «ماقۇل» دەپتۇ. مېكىيان پاقىنىڭ يۈزىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپتۇ.



4. پاقا يولدا بىر كۆلچەكنى كۆرۈپ سۇ ئۈزگۈسى كەپتۇ. بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا مۈشۈك تۇرغىدەك، ئۇ دەرھال مۈشۈككە: «مۈشۈك ياخشىمۇ سىز، مېنىڭ قېشىمدا بىر ئامانەت سۆيۈش بار، ئېيىقچاقنىڭ مومىسى ئېيىقچاققا ئەۋەتكەن، سىز بۇنى ئېيىقچاققا ئالغاچ كېتىشنى خالامسىز؟» دەپتۇ. مۈشۈك: «خالايمەن» دەپتۇ. پاقا مۈشۈكنى سۆيۈپ قويۇپتۇ.

5. مۈشۈك ماڭا ـ ماڭا ئۇيقۇسى كېلىپ كېتىۋاتسا ئاغمىخاننى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇ ئاغمىخانغا: «ئاغمىخان، مېنىڭ يېنىمدا ئېيىقچاقنىڭ مومىسى ئېيىقچاققا ئەۋەتكەن بىر ئامانەت سۆيۈش بار، سىز ئېيىقچاققا ئالغاچ كېتىپ، ياخشى يىگىت بولسىڭىز قانداق» دەپتۇ.

6. ئاغمىخان بۇ ئىشقا خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بوپتۇ. يولدا ئۇ ئاغمىخان قىزنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ ۋە ئۇ، بۇ سۆيۈشنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

7. ئەمما ئاغمىخان قىز بۇ سۆيۈشنى ئۇنى سۆيۈپ قويۇپ يەنە ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

8. ئۇ يەنە قىزچاققا بېرىپتۇ. قىزچاق يەنە قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

9. بۇ ۋاقىتتا مېكىيان دەل بۇ يەردىن ئۆتۈپ قاپتۇ. ئۇ: «ئاپلا، سۆيۈش بەك جىق بولۇپ كەتتى. بۇ ئىسىقچاققا ئەۋەتىلگەن سۆيۈش تۇرسا، ئۇ ھازىر قەيەردە؟» مېكىيان بۇ سۆيۈشنى قايتۇرىۋاپتۇ.





10. ئۇ ئېيىقچاقنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، سۆيۈشنى ئېيىقچاققا بېرىپتۇ.



11. كېيىن ئاغمىخان يىگىت بىلەن ئاغمىخان قىز توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپتۇ، ئۇلار تويغا ئېيىقچاقنى ئالاھىدە تەكلىپ قىپتۇ. ئېيىقچاق سوۋغا سۈپىتىدە ئۇلارغا بىر پارچە رەسىم ھەدىيە قىپتۇ.

**ئەسكەرتىش**

بۇ ناھايىتى قىزىقارلىق بولغان رەھمەتنى كۆچ ئۇلاپ يەتكۈزىدىغان ئويۇن، ھېكايىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، بالىدىن مۇنۇلارنى سوراپ بېقىش كېرەك:

1. بۇ سۆيۈشنى ئېيىقچاققا كىم ئەۋەتكەن؟

2. نېمە ئۈچۈن مېكىيان ئېيىقچاقنىڭ مومىسىغا ۋاكالىتەن بۇ سۆيۈشنى ئېيىقچاققا ئاپىرىش جەريانى سۆزلىنىدۇ، مۇھەببەت ئايرىلغانچە كۆچىيەمدۇ؟

# شاپتۇل دەرىخى ئاستىدىكى بۆجەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



1. بۆجەننىڭ ئۆيى بىر شاپتۇل دەرىخنىڭ ئاستىدا
ولۇپ، بۇ يەردە ئوت - چۆپلەر، گۈل - گىياھلار ۋە يەنە
ىر كىچىك ئېرىق بار ئىدى. كۈنبويى سۇنىڭ شىر - شىر
ئېقىپ تۇرغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.



2. باھار كېلىپ شـــاپتۇل چېچەكلىدى.
ئىللىق باھـــار شـــامىلى چېچەكلەرنى توزىتىپ
يەرنى چېچەك بىلـــەن بېزەۋەتتى. بۇ خۇددى
هال رەڭ قار ياغقان مەنزىرىگە ئوخشايتتى.


3. بۆجەن چېچەكلەرنى تەرگەچ، نۇرغۇن دوستلىرىنى ئەسلەپ قالدى ۋە: «مەن بۇ چېچەكلەرنى دوستلىرىمغا ئەۋەتىپ بېرەيچۇ.» دېدى.
4. بۆجەن چېچەكلەرنى كونۋېرتقا سېلىپ، ئاسمانغا چېچىۋەتتى ۋە: «ئۇچۇڭ! تېز ئۇچۇپ دوستلىرىمنىڭ يېنىغا بېرىڭ!» دېدى.
5. قېرى ئۆچكە خەتنى تاپشۇرۇپ ئالدى ۋە: «پاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق خەتكۇچ بۇ - ھە!» دېدى.
6. ئاسلان خەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ: «بۇ بەكمۇ چىرايلىق چاچ قىسقۇچكەن!» دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



7. تىينچاق خەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ: «بۇ بىر يەلپۈگۈچكەنغۇ!» دەپتۇ.

8. چۈجىلەرمۇ شاپتۇل چېچەكلىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ قۇياش شلەپىسى قىلىۋاپتۇ ۋە بىردەم ئۇ، بىردەم بۇ كىيىشىپ بېقىپتۇ.

9. ياپونىيە ماي قوڭغۇزى
انچۇ، ئۇ بۇ چېچەكلەرنى
ۆشۈك قىلىۋاپتۇ ۋە بوۋىقى
ۆشۈكتە بەكمۇ تاتلىق
ۇخلاپتۇ.

10. چۈمۈلە چېچەكنى قولۋاق قىلىۋاپتۇ. ئۇ قولۋاققا ئولتۇرۇپ، سۇدا ئۈزۈپتۇ، ئۈزۈپتۇ، ھەقىقەتەن يەيزى بوپتۇ.



11. سوۋغا تاپشۇرۇپ ئالغان ھايۋانلار بىرلىكتە بۆجەننى يوقلاپ بېرىپتۇ.

12. ھايۋانلار شاپتۇل دەرىخىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقىدىن ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇ: «پاھ، بۆجەن ئەۋەتكەن سوۋغا ئەسلىدە شاپتۇل چېچىكىكەن ئەمەسمۇ.»

13. بۆجەن: «قارشى ئالمەن، قارشى ئالمەن!» دەپتۇ. كۆپچىلىك قىرى شاپتۇل دەرىخىنى چۆرىدەپ، باھار ناخشىسىنى ئېيتىپ، دوستلۇق ئۇسسۇلىنى ئوينىشىپتۇ.



www.uyghurkitap.com

## ئەسكەرتىش

بۇ بىر تەسەۋۋۇرغا باي ھېكايە.

ھېكايىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، بالىدىن مۇنۇلارنى سوراپ باقساق بولىدۇ: 1. قىرى ئۆچكە، ئاسلان، تىينچاق، چۈجە، ياپونىيە ماي قوڭغۇزى ۋە چۈمۈلىلەر شاپتۇل چېچىكىنى قايسى نەرسىلەر دەپ بىلدى؟ 2. ئەگەر ئۇلارنى ئالماشتۇرۇپ باقساق: قىرى ئۆچكە شاپتۇل چېچىكىنى قولۋاق قىلسا، چۈمۈلە شاپتۇل چېچىكىنى خەتكۈچ قىلسا بولامدۇ - بولمامدۇ؟ (بالىغا جىسمىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنىڭ قارمۇ قارشىلىقى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلدۇرۇش.) 3. بۆجەننىڭ باشقا دوستلىرىمۇ بار، ئۇلار چېچەكنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۇنى نېمە قىلىشقا ئىشلەتتى؟ (بالىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى تولۇق قوزغىتىش بىلەن بىللە جىسىملارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنىڭ قارمۇ قارشىلىقى ھەققىدە ئويلاندۇرۇش لازىم.)


ھەر كىمنىڭ ئارتۇقچىلىقى بار
1. تۆگىنىڭ بويى ئېگىز، ئۆچكىنىڭ بويى پاكار ئىدى.
2. بىر كۈنى، ئۆچكە تۆگىنىڭ دەرەخ ئۈستىدىكى يومران يوپۇرماقلارنى يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭمۇ شۇنداق يېگۈسى كەپتۇ.
3. ئۆچكە تۆگىگە: «ماڭا ئازراق بېرىڭ، ماقۇلمۇ؟» دەپتۇ. تۆگە: «بولىدۇ، لېكىن ئۆزىڭىز ئېلىپ يەڭ.» دەپتۇ.




ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



7. تۆگــە: «ئۆچكــە ئىنىم، ياپيېشىل ئوتلار ئىكەن ـ ھە، ماڭىمۇ ئازراق بېرىڭچۇ؟» دەپتۇ.



8. ئۆچكــە: «بولىــدۇ، ســىز تامنىڭ شورىسىدىن كىرسىڭىز يېيەلەيسىز.» دەپتۇ.



9. شورا بەك كىچىك بولغاچقا، تۆگە ھەرقانچە قىلىپمۇ كىرەلمەپتۇ شۇنىڭ بىلەن ئىلاجسىز كەتمەكچى بوپتۇ.

10. ئۆچكە بىر باغلام ئوتنى چىشلــەپ ئەكىلــىپ تۆگىگە بېرىپتۇ ۋە تۆگىگە قاراپ: «سىز چوڭ بولغان بىلەن ھەممىگە قادىر ئەمەسسىز، مەنمۇ كىچىك بولغىنىم ئۈچۈن يارىماس ئەمەسمەن. ھەممىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە يارىشا ئارتۇقچىلىقىمىز بار. شۇڭا ئۆزئارا ياردەملىشىشىمىز تۈزۈك.» دەپتۇ.



ئەسكەرتىش

بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، بالىدىن مۇنۇلارنى سوراپ باقسا بولىدۇ: 1. ئۆچكە نېمىشقا دەرەختىكى يوپۇرماقلارنى يېيەلمىدى؟ 2. تۆگە ئوتنى يېيەلىدىمۇ؟ ئــۇ قانداق يېدى؟ بالىلارغا ئۆزئارا ياردەم بېرىش كېرەكلىكى ھەققىدە تەربىيە بېرىش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


翻译：美力克·阿不都卡的
责任编辑：胡达白尔的
责任校对：海衣尔尼沙
美术编辑：万俭
装帧设计：万俭　徐洁
民文封面设计：金晔

دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى تەۋسىيە قىلغان مۇنەۋۋەر بالىلار ئوقۇشلۇقى

# ئانىنىڭ كۆڭلى بالىدا



ئەقىل ـ پاراسەت قىسمى

ھېكايىلەر قىسمى

ئومۇمىي ساۋات قىسمى

ISBN 978-7-105-09502-5
定价:6.00元